# سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن تۇتۇلۇپ، زېمىندا ئۇنىڭغا ئورەك كولۇنۇپ كۆمۈلۈپ، ئاندىن ھەرە ئېلىپ كېلىنىپ، بېشى ئۈستىگە قويۇلۇپ، ھەرىدىلىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىلگەن ۋە تۆمۈر تاغاقلار بىلەن گۆشىنى ئۇستىخىنىدىن ئايرىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇ (ئازابلار) دىنىدىن ياندۇرالمىغان كىشىلەر بولغان ئىدى

ئەبۇ ئابدۇللاھ خەبباب ئىبنى ئەرەتتى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا شىكايەت قىلغىلى كەلسەك، ئۇ كەبىنىڭ سايىسىدا ئۆزىنىڭ چاپىنىنى ياستۇق قىلىپ يېتىپتىكەن، بىز: «دۇئا قىلىپ بىزگە نۇسرەت تەلەپ قىلغان بولسىلا» دېسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن تۇتۇلۇپ، زېمىندا ئۇلارغا ئورەك كولۇنۇپ كۆمۈلۈپ، ئاندىن ھەرە ئېلىپ كېلىنىپ، بېشى ئۈستىگە قويۇلۇپ، ھەرىدىلىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىلگەن ۋە تۆمۈر تاغاقلار بىلەن گۆشىنى ئۇستىخىنىدىن ئايرىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇ (ئازابلار) دىنىدىن ياندۇرالمىغان كىشىلەر بولغان ئىدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ بۇ ئىشنى (ئىسلام دىنىنى) چوقۇم تولۇق پۈتتۈرىدۇ، ھەتتا سەنئادىن ھەزرەمەۋتقا ماڭغان يولوچى ئاللاھتىن ۋە قويلىرىنى بۆرىلەرنىڭ يەپ كېتىشىدىن باشقا ھېچنىمىدىن قورقمايدۇ، لېكىن سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تونىنى بېشىغا قويۇپ يېتىپتىكەن، بىز بولساق مۇشرىكلار تەرىپىدىن ئەزىيەتكە ئۇچرىغان ئىدۇق» دېيىلگەن
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە خەبباب ئىبنى ئەرەتتى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدە قۇرەيش كاپىرلىرى تەرىپىدىن ئۇچرىغان ئەزىيەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا شىكايەت قىلىپ كەلگەنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ سايىسىدە تونىنى بېشىغا قويۇپ ياتقان ئىكەن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزگە: ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە دىندا يەتكەن ئەزىيەتنىڭ بۇلارغا يەتكەن ئەزىيەتتىن زور ئىكەنلىكىنى، ئورەك كولۇنۇپ كۆمۈلۈپ، ئاندىن ھەرە ئېلىپ كېلىنىپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىغا قويۇلۇپ، ھەرىدىلىپ ئىككى پارە قىلىۋېتىلگەن ۋە تۆمۈر تاغاقلار بىلەن گۆشىنى ئۇستىخىنىدىن ئايرىۋېتىلگەنلىكىنى، بۇنىڭ زور ئەزىيەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىشنى مۇكەممەل قىلىدىغانلىقىنى، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن (دىنى) مۇكەممەل قىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا سەنئادىن ھەزرەمەۋتقا سەپەر قىلغان يولوچىنىڭ ئاللاھتىن ۋە قويلىرىنى بۆرە يەپ كېتىشىدىن باشقا ھېچنىمىدىن قورقمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى ئالدىرماسلىققا بۇيرۇپ: «سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر»، يەنى «سەۋر قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ قىيىنچىلىقنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشىنى كۈتۈڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ بۇ ئىشنى تولۇق پۈتتۈرىدۇ»، دېدى، ئاقىۋەتتە ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەسەم قىلغاندەك بولدى

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee